# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 | شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 5 - ئاي
1
جۈمە
维吾尔文 5 月1日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25048 - سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا چىخ زۇڭتۇڭى، پېرۇ زۇڭتۇڭى بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كەچتە چىخ زۇڭتۇڭى زېمان بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جاپالىق، مىسلىسىز تىرىشچانلىق ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تۇسۇپ زەربە بېرىش جېڭى مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بىز داۋاملىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇۋاتىمىز. جۇڭگو خەلقى پۈتۈن كۈچى بىلەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، سىز چىخ جەمئىيىتىدىكى ھەر ساھەدىكىلەرنى پۇل، ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىشقا چاقىرىق قىلىپ ھەم مەخسۇس ئايروپىلان ئەۋەتىپ، جۇڭگو تەرەپكە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، جۇڭگو خەلقىگە بولغان سەممىي ھېسسىياتىڭىزنى نامايان قىلدىڭىز.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شى جىنپىڭ جېڭجوۋ يۇەنفاڭ گۇرۇھىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە جاۋاب خەت يېزىپ، كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنى

# ئەمگەك روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جاپا - مۇشەققەت، خەتەرلىك توسالغۇلارنى يېڭىپ، ئاددىي ئىش ئورنىدا داۋاملىق قالتىس ھېكايىلەرنى يېزىشقا ئىلھاملاندۇردى

## پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى ئاممىغا بايراملىق سالام يوللىدى

### جاۋاب خەت

**جېڭجوۋ يۇەنفاڭ گۇرۇھىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر:**

ياخشىمۇسىلەر! يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن كېيىن، سىلەر گۇرۇھ پارتىيە كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تازىلىق، مۇلۇك باشقۇرۇش قاتارلىق ئىش ئورۇنلىرىدا ئىزچىل چىڭ تۇردۇڭلار، نۇرغۇن يولداش تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە ئاتلىنىشقا ئىلتىماس قىلىپ، ۋۇخەن قاتارلىق جايلاردىكى دوختۇرخانىلارغا ياردەم بېرىشكە تېزدىن بېرىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا تۆھپە قوشتى. كۆپچىلىك جاپا چەكتىڭلار!

ئۇلۇغ نەتىجە ئادەتتىكى ئىشتىن كېلىدۇ، قەھرىمانلار خەلقتىن چىقىدۇ. بۇ قېتىمقى تۇيۇقسىز تارقالغان يۇقۇم ئالدىدا، بىرىنچى سەپتىكى تېبىبىي خادىملاردىن ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە قاتناشقان خادىملارغىچە، مۇھىت تازىلىقى ئىشچىلىرى، تېز يەتكۈزۈش خادىملىرىدىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئىشچىلارغىچە مىليونلىغان ئەمگەكچى ئاما ئۆز ئىش ئورنىدا باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، ئۆن - تىنىسىز ئۆزىنى بېغىشلاپ، يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملىدى. كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئەشەنچى چىڭىتىپ، غەيرىتىنى ساقلاپ، ئەمگەك روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جاپا - مۇشەققەت، خەتەرلىك توسالغۇلارنى يېڭىپ، ئاددىي ئىش ئورنىدا داۋاملىق قالتىس ھېكايىلەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كۆپ كۈچ قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

مۇشۇنداق «1 - ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى پەيتىدە، مەن سىلەرگە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى ئاممىغا بايراملىق سالام يوللايمەن!

**شى جىنپىڭ**

2020 - يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى)

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى** «1 - ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى يېتىپ كەلگەن پەيتتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جېڭجوۋ يۇەنفاڭ گۇرۇھىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە جاۋاب خەت يېزىپ، ئۇلارغا ھەم پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى ئاممىغا بايراملىق سالام يوللىدى.

شى جىنپىڭ جاۋاب خېتىدە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن كېيىن، سىلەر گۇرۇھ پارتىيە كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تازىلىق، مۇلۇك باشقۇرۇش قاتارلىق ئىش ئورۇنلىرىدا ئىزچىل چىڭ تۇردۇڭلار، نۇرغۇن يولداش تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە ئاتلىنىشقا ئىلتىماس قىلىپ، ۋۇخەن قاتارلىق جايلاردىكى دوختۇرخانىلارغا ياردەم بېرىشكە تېزدىن بېرىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا تۆھپە قوشتى. كۆپچىلىك جاپا چەكتىڭلار!

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئۇلۇغ نەتىجە ئادەتتىكى ئىشتىن كېلىدۇ، قەھرىمانلار خەلقتىن چىقىدۇ. بۇ قېتىمقى تۇيۇقسىز تارقالغان يۇقۇم ئالدىدا، بىرىنچى سەپتىكى تېبىبىي خادىملاردىن ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە قاتناشقان خادىملارغىچە، مۇھىت تازىلىقى ئىشچىلىرى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ

# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى دەل جايىدا ياخشى قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى** 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنىدىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 9 - سانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى دەل جايىدا ياخشى قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز» ناملىق مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى دەل جايىدا ياخشى قىلىش پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ بىرى بولۇپ، قەرەلىدە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتا دۈچ كەلگەن ۋەزىيەتنىڭ مۇشكۈللۈكىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ۋە بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ، ئىگىلەپ، بەل قويۇۋەتمەي، توختاپ قالماي، بوشاڭلىق قىلماي، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنى ئۈستۈرۈشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، دىققەتنى ئېغىر نامرات رايونلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۆلىتىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا قولغا كەلتۈرگەن ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلىرىنى چوڭقۇر تونۇش كېرەك. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش تەلىپىنى چىقىش قىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنى «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىغا، «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىغا كىرگۈزۈپ، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ نۇقتىلىق ۋەزىپىسى قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاپ، دۆلىتىمىزنىڭ نامراتلارنى ئازايتىش تارىخىدىكى ئەڭ ياخشى نەتىجىنى يارىتىپ، نامرات رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى بەرپا قىلىپ، جۇڭگوچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈزۈم سىستېمىسىنى ئورنىتىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

خەلق گېزىتى باش ماقالىسى

### قەلبنى، كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

—— «1 - ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى

### ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر)لەرنىڭ بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى باھالاش تەدبىرىنى بېسىپ تارقاتتى

3 - بەتتە

نوپۇزلۇق ئېلان قىلىش

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «ئۇقتۇرۇش» بېسىپ تارقاتتى

### جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات رايونلارنىڭ سېتىلماي قالغان باغ - ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشقا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى ھەم ھەرقايسى چوڭ مېۋە سېتىۋېلىش كارخانىلىرى بازارغا تىرەك بولۇپ سېتىۋالغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات رايونلارنىڭ باغ - ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش قىيىن بولۇش، ئامباردا بېسىلىپ قېلىش ئېغىر بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر كۆرۈلدى. سېتىۋېلىش كارخانىلىرىنىڭ 2020 - يىلى مېۋە پىشىشتىن ئىلگىرى ئامباردا بېسىلىپ قالغان مېۋە - چېۋىلەرنى ئىمكانقەدەر تېز سېتىپ بولۇپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك بازارغا تىرەك بولۇپ سېتىۋېلىش تەييارلىق خىزمىتىنى ئالدىن ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇم ئەھۋالىنىڭ باغ - ئورمانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### يەككە سودا - سانائەتچىلەرگە ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل بېرىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇش مۇددىتى ئۇزارتىلدى

نۆۋەتتە جەمئىي 3 مىليارد 500 مىليون يۈەندىن ئارتۇق قەرز پۇل تارقىتىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈڭفېينىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلە نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە: يېقىندا، ئاپتونوم رايون «يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل بىلەن قوللاش سىياسىتى توغرىسىدىكى تولۇقلىما ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقاتقان. «ئۇقتۇرۇش»تا يەككە سودا - سانائەتچىلەرگە ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل بېرىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇش مۇددىتى ئەسلي بېكىتىلگەن 2020 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىكى توختىتىش كۈنىدىن

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ياخشى ئىشلەش كېرەك

# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك

## چېن چۇەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئاچتى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرى تەتقىق قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم پەيتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ ھەم مۇھىم سۆز قىلىپ، بىزنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلىشىمىز ئۈچۈن قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى، ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئىشچىلار تۆمۈرىيول قۇرۇلۇشى ئېغىر سانائىتى شىنجاڭ چەكلىك شىركىتىنىڭ پاختا تېرىش ماشىنىسىنى قۇراشتۇرۇش سېخىدا مەشغۇلات قىلماقتا. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنىڭ يۆلىشىدە، بۇ كارخانا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى تېزلەتمەكتە.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شيې لۇڭ فوتوسى

سىياسەت جەھەتتىن يۆلەش تەرەققىياتقا كۈچ قوشۇش

### بىر جۈپ ئىشچان قولىمىز بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ بۈيۈك كارتىنىسىنى سىزىپ چىقايلى

□ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى گۈزەل ئارزۇلار ئەمگەك ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ؛ ھاياتلىقتىكى بارلىق شانلىق نەتىجىلەر ئەمگەك ئارقىلىقلا يارىتىلىدۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش يىلىدا، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش پەيتىدە، بۇ قېتىمقى «1 - ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى تېخىمۇ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنغا ئىگە بولدى، ئەمگەكچىلەرنىڭ سىماسى تېخىمۇ گۈزەل بولدى، ئەمگەكنىڭ قىممىتى تېخىمۇ نامايان بولدى، ئەمگەك روھى تېخىمۇ شانلىق نۇر چاچتى.

ئۇلۇغلۇق ئاددىيلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ، ئاددىيلىقتىن ئۇلۇغلۇق يارىتىلىدۇ. كۆپ ۋاقىتلاردا بىزنى ئەڭ چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغىنى دەل ئاشۇ ئەڭ ئاددىي ئەمگەكچىلەردۇر. يۇقۇم مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تېببىي خىزمەتچىلەر كۆڭلىگە چەكسىز مۇھەببەتنى پۈكۈپ، قارشى يۆنىلىشتە سەپەرگە ئاتلىنىپ، باشتىن - ئاخىر يۇقۇمدىن ئىبارەت ئالۋاستىغا قارشى جەڭنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە ئاتاكىغا ئۆتتى؛

(ئاخىرى 3 - بەتتە)